# شىنجاڭ گېزىتى

2020 - يىل 6 - ئاي
28
يەكشەنبە
维吾尔文 6 月28日

新疆日报 · شىنجاڭ گېزىتى

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى 新疆日报网: www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65–0002/–W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1–57   ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com   25106 - سان   بۈگۈن 4 بەت


## دۇەنۋۇلۇق دەم ئېلىش مەزگىلىدە شىنجاڭ كۈتۈۋالغان ساياھەتچى مىقدارى 26.88% ئاشتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **ياۋ گاڭ، رىن جياڭ** خەۋەر قىلىدۇ: ئۈچىنچى تەرەپنىڭ ساياھەت ئىستاتىستىكا چوڭ سانلىق مەلۇمات سۇپىسى ۋە ئارىلاپ تەكشۈرۈش نەتىجىسىگە ئاساسلانغاندا، بۇ يىللىق دۇەنۋۇلۇق دەم ئېلىش مەزگىلىدە، شىنجاڭ جەمئىي كۈتۈۋالغان ساياھەتچى 4 مىليون 876 مىڭ ئادەم قېتىم بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 26.88% ئاشقان؛ 3 مىليارد 485 مىليون يۈەن ساياھەت كىرىمى ئىشقا ئاشۇرۇلغان.

6 - ئاينىڭ 24 - كۈنى كەچتە، پويىزنىڭ گۈدۈك ئاۋازىغا ئەگىشىپ، 2374 ساياھەتچى دۇەنۋۇلۇق قىسقا دەم ئېلىش ساياھەت ئەندىزىسىنى باشلىدى، شۇ كۈنى جۇڭگو تۆمۈريولى ئۈرۈمچى ئىدارىسى گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى ئۈرۈمچىدىن قومۇل، ئالتاي، غۇلجا قاتارلىق يۆنىلىشلەرگە ماڭىدىغان بەش ساياھەت مەخسۇس پويىزنى يولغا سالدى.

دۇەنۋۇلۇق دەم ئېلىش مەزگىلىدە، شىنجاڭدىكى ھەرقايسى جايلار بايلىق ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، خاسلىقنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ساياھەت مەھسۇلاتلىرى بىلەن تەمىنلەشنى كېڭەيتىپ، مەزمۇنى مول، خاسلىقى روشەن بولغان بىرىيۈرۈش مەدەنىيەت - ساياھەت پائالىيەتلىرىنى يولغا قويدى.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە —— يېڭى دەۋر، يېڭى نەتىجە، يېڭى سەھىپە

شىنجاڭ تۆمۈريولى يۈك توشۇش تەمىنات تەرەپلىك ئىسلاھاتنى سىجىل چوڭقۇرلاشتۇردى، ئالدىنقى بەش ئايدا يۈك توشۇش مىقدارى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 21.6% ئاشتى ——

# لىنىيە بازارغا ئەگەشتى  توشۇش ئىقتىدارى ئېھتىياجنى چىڭ كۆزلىدى

كىرىزىس ئىچىدە يېڭى پۇرسەت يېتىلدۈرۈش ئۆزگىرىش ئىچىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش · كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىمىز ⑧

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز لۇ فېڭباۋ

6 - ئاينىڭ 23 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، بىر جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى ئالاتاۋ پورتىدا چېگرادىن چىقتى، بۇ، بۇ يىل ئالاتاۋ پورتى ئارقىلىق چېگرادىن چىققان، كىرگەن 2000 - قېتىملىق جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى بولۇپ، بۇلتۇرقىدىن 52 كۈن بۇرۇن بۇ نىشان ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى بەش ئېيىدا، شىنجاڭ تۆمۈريولىنىڭ يۈك توشۇش مىقدارى 69 مىليون 770 مىڭ توننىغا يېتىپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 21.6% ئاشتى. بۇ كۆزنى قاماشتۇرىدىغان نەتىجە قەغىزنىڭ كەينىدىكىسى شىنجاڭ تۆمۈريول تارماقلىرىنىڭ تىرىشىپ يۇقۇمنىڭ تەسىرىگە تاقابىل تۇرۇپ، يۈك توشۇش تەمىنات تەرەپلىك ئىسلاھاتنى سىجىل چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، يۈك توشۇش مىقدارىنى ئاشۇرۇش ھەرىكىتىنى چوڭقۇر يولغا قويۇپ، ئۆز تەرەققىياتىنىڭ «سۈرئىتىنى تېزلەتكەنلىكى»نىڭ نەتىجىسى.

### توشۇش يولىنى راۋانلاشتۇرۇش

شىنجاڭ تۆمۈريولىنىڭ يۈك توشۇشقا نىسبەتەن ئېيتقاندا، كۆمۈر توشۇش كۆپ مىقدارلىق ماددىي ئەشيا توشۇشتىكى مۇھىم تەرەپ.

بۇ يىل، شىنجاڭ تۆمۈريولى تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرىنىڭ «سېتىلىشقا قاراپ ئىشلەپچىقىرىشنى بېكىتىش» يېڭى ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش گۇرۇپپىسىدىن 14نى تەشكىللەپ قۇرۇپ، پۈتۈن شىنجاڭدىكى يەتتە نۇقتىلىق رايون، 43 نۇقتىلىق كارخانىغا قارىتا نەق مەيداندا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى قانات يايدۇرۇپ، كارخانىلارنىڭ تىجارەت ئەھۋالى ۋە يۈك مەنبەلىرىنىڭ توشۇلۇش يۆنىلىشىنى ئىگىلىدى؛ مەيداندا تۇرۇشلۇق خېرىدارلارنىڭ ۋەكىللىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، تەمىنلىگۈچى تەرەپ بىلەن ئېھتىياجلىق تەرەپنىڭ ئېھتىياجىنى پائال ماسلاشتۇرۇپ، مال بىلەن تەمىنلەش كېلىشىمى ھاسىل قىلدى. زاكاز ئالغاندىن كېيىن، شىنجاڭ تۆمۈريول تارماقلىرى كۆمۈر توشۇش يوللىرىنى يەنىمۇ راۋانلاشتۇرۇپ، كۆمۈرنى تېزدىن توشۇپ چىقاردى.

يازدىكى تومۇز ئىسسىقتا، ئۈرۈمچى - شەرقىي جۇڭغار تۆمۈريولى جياڭجۈنمياۋ ئايلانما لىنىيەسىدە، مەشغۇلات ئىشچىلىرى كۇنۇپكىنى يېنىك باستى، كۆمۈر ئاقما ئىسكىلاتتىن چۈشمەكتە ئىدى، پويىز بىردەم توختاپ، بىردەم مېڭىپ تۇراتتى، 45 مىنۇت ئەتراپىدا، ئۈستى ئوچۇق ۋاگونلۇق پويىزغا قاچىلىنىپ بولدى.

«بىز ئۈرۈمچى - شەرقىي جۇڭغار تۆمۈريولىدا يېڭىدىن توشۇش ۋوگزال - نۇقتىلىرىنى كېڭەيتتۇق، 4 - ئايدا جياڭجۈنمياۋ ئايلانما لىنىيەسىنى قوزغىتىپ، ئۈرۈمچى - شەرقىي جۇڭغار تۆمۈريولى ئايلانما لىنىيەسىنى تۆتكە كۆپەيتىپ، قاچىلاش ئۈنۈمىنى زور دەرىجىدە ئاشۇردۇق، بۇنىڭ بىلەن شىمالىي شىنجاڭدىكى كارخانىلارنىڭ كۆمۈر ئىشلىتىشكە كاپالەتلىك قىلىپلا قالماي، يەنە جەنۇبىي شىنجاڭغا كۆمۈر توشۇش ئۈچۈن يېڭى يول ئاچتۇق» دېدى جۇڭگو تۆمۈريولى ئۈرۈمچى ئىدارىسى گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى ئۈرۈمچى يۈك توشۇش مەركىزىنىڭ مۇئاۋىن باش دىرېكتورى يې شياۋجۈن.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىكە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلايلى

## قۇربان تاغىنىڭ يۇرتى ئالقىشقا ئېرىشتى

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرى دىڭ جيەنگاڭ، خاۋ يۈ

ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىدا، قۇربان تاغا ئېشەككە مىنىپ، كېرىيە ناھىيەسىدىن يولغا چىقىپ بېيجىڭغا بېرىپ ماۋ جۇشىنى يوقلاش ئىرادىسىگە كەلگەن. بۈگۈنكى كۈندە، بارغانسېرى كۆپ ساياھەتچى پويىزغا ئولتۇرۇپ، ئۆزى ئاپتوموبىل ھەيدەپ ئۇنىڭ يۇرتىغا كېلىپ، بۇ ئەسلىمىنى ئەسلەپ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ يېڭى قىياپىتىنى ھېس قىلماقتا.

باش ياز پەسلىدە ئاق تېرەك بىلەن قاپلانغان يېزا - كەنت تاشيولىنى بويلاپ، مۇخبىرلار قۇملۇقنىڭ گىرۋىكىگە جايلاشقان قۇربان تاغىنىڭ يۇرتى —— كېرىيە ناھىيەسىنىڭ توغراغاز يېزىسى توغراغاز كەنتىگە كەلدى. كېڭەيتىپ ياسالغاندىن كېيىنكى قۇربان تۇلۇم خاتىرە سارىيىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا، ئاپتوموبىل ۋە موتوسىكلىتلار رەتلىك توختىتىپ قويۇلغان بولۇپ، داڭقىنى ئاڭلاپ كەلگەن ئېكسكۇرسىيەچىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى.

خاتىرە سارىيى 2003 - يىلى سېلىنغان، يېقىنقى يىللاردا كۆپ قېتىم كېڭەيتىپ قۇرۇلغاندىن كېيىن قايتىدىن ساياھەتچىلەرگە ئېچىۋېتىلدى. كېڭەيتىپ قۇرۇلغاندىن كېيىن، ساراي ئىچىگە قىممەتلىك تارىخىي سۈرەتلەر، مۇھىم ھۆججەتلەر ۋە ماددىي بۇيۇملار تىزىلغاندىن سىرت، يەنە ئۈن - سىن ئۆيى تەسىس قىلىنىپ، قاپارتما نەقىش، مەخسۇس فىلىم ئىشلىنىپ، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسى بازىسى دەپ نام بېرىلدى.

ساراي ئىچىدە ئايلىنىپ يۈرۈپ، كونا سۈرەت، كونا بۇيۇملارنى كۆرگەندە يىراقتىن كەلگەن ئېكسكۇرسىيەچىلەر پات - پات ھەيرانلىقنى ئىپادىلەشەتتى. قۇربان تاغىنىڭ كىچىكىدىن باشلاپ نامراتلىق ئىچىدە ياشاپ، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرگەنلىكىنى بىلىپ، موڭغۇلكۈرە ناھىيەسىدىن كەلگەن كادىر سۇلتان ماناپقان ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېدى: «يېڭى دەۋردە، بىز پارتىيەگە ئەگىشىپ مېڭىش ئېتىقادىمىزنى تېخىمۇ چىڭىتىپ، تەستە قولغا كەلگەن بەختلىك تۇرمۇشتىن مىننەتدار بولۇشىمىز كېرەك».

خاتىرە سارىيى دەرۋازىسىنىڭ سول تەرىپىدە، رېمونت قىلىنغاندىن كېيىنكى قۇربان تۇلۇمنىڭ كونا تۇرالغۇسىمۇ ئوخشاشلا ئادەملەر بىلەن تولغانىدى.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

ئاپتونوم رايونىمىز نۇر ئېنېرگىيە مەمۇرىي كەنتلىرىگە چوڭ تور توكى يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشىنى تېزلەتتى

## قاغىلىقنىڭ چېگرا كەنتلىرى چوڭ تور توكى ئىشلىتەلەيدىغان بولدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **چېن چياڭۋېي** خەۋەر قىلىدۇ: 6 - ئاينىڭ 25 - كۈنى چۈشتە، قاغىلىق ناھىيەسىنىڭ شىخشۇ يېزىسى شىخشۇ كەنتىدىكى 423 ئائىلىلىك دېھقان - چارۋىچى دۇەنۋۇ بايرىمىلىق ئالاھىدە بىر سوۋغات تاپشۇرۇۋالدى. بۇ كۈنى، شىخشۇ يېزىسىدا نۇر ئېنېرگىيە مەمۇرىي كەنتىگە چوڭ تور توكى يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى، ناھىيە بازىرىغا تەخمىنەن 180 كىلومېتىر كېلىدىغان بۇ چېگرا كەنت بىخەتەر، ئىشەنچلىك چوڭ تور توكى ئىشلىتەلەيدىغان بولدى.

شىخشۇ يېزىسى قاراقۇرۇم تېغىنىڭ ئىچكىرىسىگە جايلاشقان، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 2980 مېتىرچە بولۇپ، قاغىلىق ناھىيەسىدىكى ئورنى ئەڭ چەت، تەبىئىي مۇھىتى ئەڭ ناچار بولغان چېگرا يېزىسى ھېسابلىنىدۇ. 2019 - يىلى، ئاپتونوم رايوننىڭ نۇقتىلىق قۇرۇلۇشى —— 592 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان، 1535 ئائىلىلىك دېھقان - چارۋىچىغا نەپ يەتكۈزىدىغان 11 نۇر ئېنېرگىيە مەمۇرىي كەنتىگە چوڭ تور توكى يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى قوزغىتىلدى، شىخشۇ يېزىسىنىڭ نۇر ئېنېرگىيە مەمۇرىي كەنتىگە چوڭ تور توكى يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى دەل شۇلارنىڭ بىرى. بۇ قۇرۇلۇش 2019 - يىلى باشلانغان بولۇپ، جەمئىي 290 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، يېڭىدىن 130 كىلومېتىرلىق لىنىيە ياسىلىپ، 110 ۋولتلۇق ترانسفورموتور پونكىتىدىن بىرى، 35 كىلوۋولتلۇق ترانسفورموتور پونكىتىدىن بىرى يېڭىدىن قۇرۇلدى، توك تەقسىملەش ترانسفورموتورىدىن سەككىزى يېڭىدىن كۆپەيتىلدى،

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

## ئېشەكنىڭ «مەيداندىن چېكىنىش»ىدىن ھاللىق سەۋىيەگە يېتىشنىڭ تېزلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈش

سۆز ھەممىگە

□ جاڭ بېي

بازاردا، نامراتلارنى يۆلەش زاۋۇتى يېنىدا... ئېشەك ھارۋىلىرىنى كۆرگىلى بولمايدىغان بولدى، ئەتراپقا نەزەر سالساق توكسىكلىت، موتوسىكلىت ۋە كىچىك ئاپتوموبىللار —— يېقىندا، شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ بىر پارچە خەۋىرىدە يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدىكى قاتناش قوراللىرىنىڭ ئۆزگىرىشىگە دىققەت قىلىنغان. بۇ جانلىق تۇرمۇش مەنزىرىسى بىزگە شۇ جايدىكى ئاممىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىكە ھۇجۇم قىلىش يولىدا سۈرئەتنى ئاشۇرۇپ يۈرۈۋاتقاندىكى كۆتۈرەڭگۈ قىياپىتىنى ھېس قىلدۇردى.

ئېشەكتىن «توك ئېشەك»كىچە، بۇ قارىماققا قاتناش قوراللىرىنىڭ ئۆزگىرىشىدەك كۆرۈنسىمۇ، ئۇنىڭ ئارقىسىدا ئەكس ئەتكىنى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ تېزلەشكەنلىكىدەك خۇشاللىنارلىق پاكىت. قاتتىقلاشتۇرۇلغان يول ھەربىر يېزا، ھەربىر شارائىتى ھازىرلانغان ئىشتاتلىق كەنتكىچە تۇتىشىپ، ئەسلىدىكى ئېشەكلا ئۆتەلەيدىغان ئوڭغۇل - دوڭغۇل

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

بىزنىڭ بايرىمىمىز · دۇەنۋۇ



شۈيلېيەن ساياھەتچىلەرنى جەلپ قىلدى

6 - ئاينىڭ 27 - كۈنى، ساياھەتچىلەر باغراش كۆلىدىكى شۈيلېيەن دۇنياسى مەنزىرە رايونىنى سەيلە قىلماقتا. دۇەنۋۇلۇق دەم ئېلىش مەزگىلىدە، بۇ مەنزىرە رايوندىكى 80 مىڭ مو يەردىكى ياۋا شۈيلېيەن نۇرغۇنلىغان ساياھەتچىنى جەلپ قىلدى. □ نيەن لېي فوتوسى

## گۈزەل شىنجاڭنىڭ كېچىلىك مەنزىرىسى يارقىنلىقى بىلەن كىشىنى مەستخۇش قىلدى

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز

بۇ يىلقى دۇەنۋۇلۇق دەم ئېلىش مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى مول رەڭدار كېچىلىك پائالىيەتلەر بازارنىڭ ئىستېمال ھاياتىي كۈچىنى زور دەرىجىدە قوزغىدى، شۇنداقلا بايراملىق دەم ئېلىشنى يېڭىچە «ئېچىش ئۇسۇلى» بىلەن تەمىنلىدى.

### كەچلىك بازارلار قىزىدى، كىشىلەر مەززىلىك تائاملارنى تېتىدى

يېمەك - ئىچمەك كېچىلىك ئىقتىسادتىكى ئۆزگەرمەس باش رولچى.

6 - ئاينىڭ 25 - كۈنى كەچقۇرۇن، كەچكى قۇياش غەربكە پېتىپ، تومۇز ئىسسىقى ئاستا - ئاستا پەسەيدى. خوتەن شەھىرىنىڭ خەلق غەربىي يولىنىڭ شىمالىي تەرىپىگە جايلاشقان خوتەن كەچلىك بازىرى ئاۋاتلىشىشقا باشلىدى.

كەچلىك بازاردا خېرىدار توۋلىغان ئاۋازلار ئۈزۈلمەي ئاڭلىنىپ تۇراتتى. سارغىيىپ پىشقان يۇلغۇن كاۋىپى، تاتلىق، خۇشبۇي قېتىق زۇڭزىسى، مەززىلىك ھىدى تارقىلىپ تۇرغان تونۇر كاۋىپى... ساياھەتچىلەرنى كېلىپ تېتىپ بېقىشقا جەلپ قىلاتتى.

«نېمە ياخشى، نېمە ياخشى ھوي، خوتەن كەچلىك بازىرى ياخشى...» سائەت 21دە، كەچلىك بازارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سەھنىدە ناخشا ساداسى ياڭرىدى، سەنئەت ئۆمىكىدىكى كېلىشكەن يىگىتلەر، چىرايلىق قىزلار لەرزان ئۇسسۇلغا چۈشتى... ساياھەتچىلەر دەرھال چۆرىدەپ كېلىپ، بەس - بەستە يان تېلېفونلىرىنى ئېلىپ سۈرەتكە تارتتى، سىنغا ئالدى، ئۈندىدار دوستلار چەمبىرىكىگە يوللىدى.

دۇەنۋۇ بايرىمىدا، ئەلۋەتتە زۇڭزا يېيىش كەم بولسا بولمايدۇ. قەيسەر تۇرسۇنتوختىنىڭ قېتىق زۇڭزىسى يايمىسى ئالدىدا، مەززە قىلىپ يېيىشنى ساقلاپ تۇرغان مېھمانلار ئۇزۇن ئۆچرەتتە تۇراتتى، مەززىلىك قېتىق زۇڭزىسى مېھمانلارنىڭ ئىشتىھاسىنى قوزغىغانىدى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئالتاي شەھىرىگە جايلاشقان جۇڭگو شۆدۇ خوتەن كەچلىك بازىرى رەسمىي ئېچىلىپ مېھمانلارنى كۈتۈۋالدى، بايرام كەيپىياتىغا تولغان كەچلىك بازار ئادەتتىن تاشقىرى قىزىپ كەتكەنىدى. ساياھەتچىلەر كەچلىك بازارنى ئايلاندى، مەززىلىك تائاملارنى تېتىدى، كېچە مەنزىرىسىدىن ھۇزۇرلاندى.

قېتىق زۇڭزىسى يايمىسىدا، يايمىچى ئابدۇللا سۈپۈر ماسكا تاقاپ، قومۇش يوپۇرمىقى بىلەن تۈگۈلگەن زۇڭزىنى ئېچىپ تەخسىگە قويدى، ئاندىن قېتىق، ئەنجۈر مۇراببىاسى، بېھى مۇراببىاسى قويۇپ، ئەڭ ئاخىرىدا شېكەر قىيامى قۇيدى... بىر تەخسە چۈچۈمەل تاتلىق، تېتىملىق قېتىق زۇڭزىسى تەييار بولدى. «بۈگۈن دۇەنۋۇ بايرىمى، بىر سائەتكە يەتمىگەن ۋاقىتتا 100 نەچچە كىشىلىك قېتىق زۇڭزىسى ساتتىم، ئالدىراش يۈرۈپ پۇل تاپقاندىكى تۇيغۇ بەك ياخشىكەن!» دېدى ئابدۇللا.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

新疆日报 | 石榴云
新疆报业传媒集团